مۇداپىئەلىنىش كۆرسەتمىسى

ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش باشلاشتا:

«ساغلاملىق بىرىنچى دەرسى» بويىچە تەربىيەلەشنى ياخشى قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **چاۋ جىن، سۇ لۇپىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، شىنجاڭدا تۇنجى تۈركۈمدىكى ئالىي مەكتەپلەر رەسمىي ئوقۇش باشلايدۇ، تېخى ئاخىرلاشمىغان يۇقۇم ئالدىدا، مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلىشى كېرەك. 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇتەخەسسىسى مۇنداق ئەسكەرتتى: ئوقۇش باشلانغاندا ئالدى بىلەن «ساغلاملىق بىرىنچى دەرسى» بويىچە تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى توغرا ئىگىلىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

«مەسئۇلىيەت سۇبيېكتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەكتەپلەر ئوقۇش باشلاشتىن بۇرۇن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتى قۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بويىچە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى تۈزۈپ، ھەر جەھەتتىن ئوقۇش باشلاش تەييارلىقىنى ياخشى قىلىشى كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى يۇقۇملۇق كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئورنىنىڭ مۇدىرى، مۇدىر ۋىراچ مەخمۇت مۇنداق دېدى: مەكتەپلەر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئالدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېزىنفېكسىيەلەش مەشغۇلات تەرتىپى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى بويىچە تەربىيەلەشنى قەرەللىك قانات يايدۇرۇشى؛ ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىنكى بىرىنچى سائەتلىك دەرستە ساغلاملىق بويىچە تەربىيەلەشنى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن، مەكتەپلەر ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك تەكشۈرۈش تۈزۈمى ۋە ساغلاملىقنى كۆزىتىش - ئۆلچەش مېخانىزمىنى ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەتىل مەزگىلىدىكى سىرتقا چىقىش، قايتىش سەپىرى ھەم تەن ساغلاملىقى ئەھۋالىنى توغرا ئىگىلەپ، ساغلاملىق ئەھۋالىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشى؛ ھەر كۈنى ساغلاملىق ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، «كۈندە دوكلات قىلىش» «نۆل دوكلات قىلىش» تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى كېرەك.

«ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك تەكشۈرۈش بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ نورمال ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆلچەشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي (≧37.3℃)، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يەنە ئوقۇغۇچىلاردا قىزىش، قۇرۇق يۆتىلىش، ماغدۇرسىزلىنىش، دىمىقى پۈتۈپ قېلىش، بۇرنىدىن سۇ ئېقىش، گېلى ئاغرىش، ئىچى سۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاقىدار كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئىگىلەپ، تىزىملاشنى ياخشى قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» مەخمۇت مۇنداق تەكىتلىدى: مەكتەپلەر خادىملاردا قىزىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلگەندە ۋاقتىدا ئايرىش ئۈچۈن ئايرىش ئۆيى تەييارلىشى ھەم كېيىنكى قەدەمدىكى تەدبىرنى قوللىنىشى كېرەك.

يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇلىدىغان مەكتەپلەردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ قىيىن نۇقتىسى ئادەم زىچ توپلاشقان ئورۇنلاردا. بۇنىڭغا قارىتا مەخمۇت مۇنداق بىلدۈردى: «كۆپرەك ھاۋا ئالماشتۇرۇش، دائىم دېزىنفېكسىيەلەش» ئۈنۈملۈك تەدبىر. مەسىلەن، سىنىپ، ياتاق، كۇتۇپخانا، ئوقۇغۇچىلار تەجرىبىخانىسى، زال ئىچى تەنتەربىيە پائالىيەت سورۇنى، ئاشخانا، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى، تازىلىق ئۆيى قاتارلىق رايونلاردا ھەر كۈنى ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچ قېتىمدىن كەم بولماسلىقى، ھەر قېتىم 30 مىنۇتتىن كەم بولماسلىقى كېرەك. غىزالىنىش جەھەتتە، تاماق يەتكۈزۈش تۈزۈمى ئورنىتىش ياكى ۋاقىت ئايرىپ غىزالىنىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، سورۇننى ياخشى دېزىنفېكسىيەلەش ۋە قاچا - قۇچىلارنى بىر ئادەم بىردىن ئىشلىتىش، ئىشلىتىپ بولۇپلا دېزىنفېكسىيەلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوقۇتۇش رايونى، ياتاق، كۇتۇپخانا، تازىلىق ئۆيى قاتارلىق سورۇنلارنى قەرەللىك دېزىنفېكسىيەلەش ھەم خاتىرىلەش، بولۇپمۇ ئىشىك تۇتقۇچى، جۈمەك، پەلەمپەي تۇتقۇچى، ياتاقتىكى كارىۋاتلارنىڭ توسۇقى، ئۆي ئىچى چېنىقىش سايمانلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرىشىش يۈزىنى ھەر لىتىردا 250 - 500 مىللىگرام ئۈنۈملۈك خلور بولغان خلور تەركىبلىك دېزىنفېكسىيە دورىسى بىلەن سۈرتۈش كېرەك.

«ئوقۇغۇچىلار ئۆزىمۇ مۇداپىئە ئېڭىنى كۈچەيتىپ، شەخسىي تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.» مەخمۇت مۇنداق تەكلىپ بەردى: دەرس ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر قېتىملىق ماسكا تاقىشى، ياتاقتا ۋە سىرتتىكى ئادەم ئاز جايلاردا ئاندىن ماسكىنى ئېلىۋېتىشى؛ غىزالانغاندا «ئىمتىھان مەيدانى» شەكلىنى قوللىنىپ، ئوخشاش يۆنىلىشكە قاراپ ئولتۇرۇشى، ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىدە ئاندىن ماسكىنى ئېلىۋېتىشى، يىغىلىپ تاماق يېمەسلىكى، تاماق يېيىش جەريانىدا پاراڭلاشماسلىقى كېرەك. تۇرمۇش، ئۆگىنىشتە مەدەنىي قائىدە - يوسۇنلارغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، مەسىلەن، چۈشكۈرگەندە ياكى يۆتەلگەندە ئېغىز - بۇرۇننى تازىلىق قەغىزى بىلەن توسىۋېلىش ياكى جەينەك، يەڭ بىلەن توسىۋېلىش، خالىغان يەرگە تۈكۈرمەسلىك، ئېغىز - بۇرۇن ئاجرالمىلىرىنى تازىلىق قەغىزى بىلەن ئوراپ قاپقاقلىق ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەتىياز پەسلى نەپەس يولى يۇقۇملۇق كېسەللىرى كۆپ يۈزبېرىدىغان پەسىل، ئەگەر قىزىش، قۇرۇق يۆتىلىش، ماغدۇرسىزلىنىش، دىمىقى پۈتۈپ قېلىش، بۇرنىدىن سۇ ئېقىش، گېلى ئاغرىش، ئىچى سۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، يۇقىرىغا ئەينەن مەلۇم قىلىپ، ۋاقتىدا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ، باشقا ساۋاقداشلارغا يۇقتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

مېلىك شىياگېن: بىر ئادەم بىر شەھەرنى تەسىرلەندۈردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاڭجوۋ تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار جاڭ شيەنجيې، لى بىڭفېڭ) جېجياڭنىڭ جىنخۇادىكى چېڭنەنچياۋ كۆۋرۈكىنىڭ بېشىغا كەلسىڭىز، غولچىنى كېرىپ تۆۋەنگە سەكرىمەكچى بولۇپ تۇرغان بىر ھەيكەل كۆزگە چېلىقىدۇ، ئۇ خۇددى ئەينى يىلىدىكى تەسىرلىك ھېكايىنى بايان قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ مىس ھەيكەلنىڭ ئالدىدىكى يولغا «شىياگېن يولى» دەپ نام بېرىلگەن... بۈگۈنكى كۈندە، مېلىك شىياگېن روھى ئاللىقاچان جىنخۇادىن ئىبارەت بۇ شەھەرگە سىڭىشىپ، ئۇنىڭ بىر بەلگىسىگە ئايلاندى.

ھەر يىلى چىڭمىڭدا ۋە مېلىك شىياگېن بىزدىن ئايرىلغان كۈندە، نۇرغۇن ھەربىي، خەلق ئۆزلۈكىدىن بۇ يەرگە كېلىپ قەھرىماننى ياد ئېتىدۇ.

مېلىك شىياگېن شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چىخې ناھىيەسىدىن، 1979 - يىلى 4 - ئايدا تۇغۇلغان، 1997 - يىلى 12 - ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن، 2002 - يىلى 6 - ئايدا پارتىيەگە كىرگەن، قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرى سابىق 2 - توپچىلار قىسمى مەلۇم لۈيى سىلىڭبۇسىنىڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭ دەرىجىلىك مەخپىيەتلىك سەنمۇۋسى ئىدى.

ئۇ ھەربىي سەپكە كىرگەندىن كېيىن ماھارەتتە كامالەتكە يېتىشكە ئىرادە باغلاپ، غەلىبە قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بۇرچقا يۈزلىنىپ، تۇنجى يىلىلا مۇنەۋۋەر ئەسكەر بولۇپ باھالانغان، ئىككىنچى يىلى بەنجاڭ بولغان. 1999 - يىلى، مېلىك شىياگېن ئەلا نەتىجە بىلەن ئازادلىق ئارمىيە ئۇچۇر قۇرۇلۇشى داشۆسىنىڭ ئېلېكترون تېخنىكىسى شۆيۈەنگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. مەكتەپتىكى مەزگىلدە، ئۇ كەسپىي نەزەرىيە ۋە يۇقىرى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئەخلاقتىمۇ، ئۆگىنىشتىمۇ ئەلا مۇنەۋۋەر كۇرسانتقا ئايلانغان ھەم شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھەربىي ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسى ئەڭ ئېغىر بولغان بىرىنچى سەپ ئۇرۇش قىلىش قىسمىغا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، ئۆز خىزمەت ئورنىنى بۇرچىنى ئادا قىلىدىغان ئاساسىي ئىستىھكام قىلىپ، تېزلا كەسپىي تېخنىكا ماھىرىغا ئايلانغان.

2007 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مېلىك شىياگېن خوتۇنى يې چېڭخۇا بىلەن قىزىنى ئېلىپ شەھەر رايونىغا مال سېتىۋالغىلى بارغان. ئۇلار چېڭنەنچياۋ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ياش بىر ئايالنىڭ كۆۋرۈك رېشاتكىسىدىن ئارتىلىپ ۋۇجياڭ دەرياسىغا سەكرىگەنلىكىنى كۆرگەن.

ھەربىي فورما كىيمىگەن مېلىك شىياگېن قىزىنى يەرگە قويۇپ، ئايىغىنى سېلىۋېتىپ، دەرياغا سەكرەپ ئادەم قۇتقۇزماقچى بولغان. يې چېڭخۇا ئالدىغا ئۆتۈپ توسقان، دەل بۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان جىنخۇا تۆمۈريول تارمىقىدا خىزمەت قىلىدىغان شى ھەدىمۇ ئالدىراپ - تېنەپ مېلىك شىياگېننى تۇتۇۋالغان: «بەك ئېگىز، سۇمۇ بەك سوغۇق، خەتەرلىك!» مېلىك شىياگېن شى ھەدىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ: «مەن قالالايمەن!» دېگىنىچە بىر سەكرەپلا ئون مېتىر ئېگىزلىكتىكى كۆۋرۈكتىن سوغۇق دەريا سۈيىگە شۇڭغۇغان.

«دەريا سۈيى بەك سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىيلەننىڭ كىيىمىمۇ قېلىن ئىكەن، ئۇنىڭ ناھايىتى تەستە ئۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.» كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان شۇ خۇيفاڭ دەرھال ۋېلسىپىتىنى توختىتىپ، 110غا تېلېفون قىلغان. ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەن ساقچىخانا خادىملىرى دەرھال سۇ ئۈستىدىكى موتورلۇق قېيىققا خەۋەر قىلغان. مېلىك شىياگېن ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ياش ئايالنى موتورلۇق قېيىققا ئىتتىرىپ چىقارغان، ئەمما ئۆزى دەرياغا چۆكۈپ كەتكەن.

مېلىك شىياگېن 28 ياشلىق ھاياتىنى تەقدىم قىلىپ، قەھرىمانلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ رىشتىسى بېلىق بىلەن سۇدەك يېقىن بولۇشتەك ئەخلاق ئابىدىسىنى تىكلەپ بەردى.

بىر كېچىدە، جىنخۇا چېڭنەنچياۋ كۆۋرۈكىدە، چىراغلىق ئېلان تاختىسىدىكى پىلاكات مېلىك شىياگېننىڭ غايەت زور سۈرىتىگە ئالماشتۇرۇلدى، قىزىل، قارا تەگلىك ئېلان تاختىسىغا بىر ئادەم بىر شەھەرنى تەسىرلەندۈردى، دېگەن بىر نەچچىلا خەت يېزىلغانىدى. كۆۋرۈك بېشىدىكى ئېكراندا «قەھرىمان مېلىك شىياگېنغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز» دېگەن خەتلەر تەكرار كۆرۈنۈپ تۇراتتى ھەم ماتەم مۇزىكىسى كىرىشتۈرۈلگەنىدى. قەھرىماننىڭ ئىسمى كوچىلاردا، تاماق ئۈستەللىرىدە، ئاپتوموبىللاردا، دەرسخانىلاردا، ئېتىز - ئېرىق باشلىرىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقالدى. شەھەر ئاھالىسى ئۆزلۈكىدىن كۆۋرۈك بېشىغا كېلىپ تەزىيە بىلدۈردى، جېجياڭ سىفەن داشۆسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى شام ياندۇرۇپ دەرياغا قويۇپ بەردى. مېلىك شىياگېننىڭ ماتەم مۇراسىمىدا، 30 مىڭدىن ئارتۇق شەھەر ئاھالىسى ئۆزلۈكىدىن دەپنە سارىيىغا كەلدى. قەھرىماننىڭ ھەرىكىتى بىر شەھەرنى تەسىرلەندۈردى، پۈتۈن جۇڭگونى تەسىرلەندۈردى.

مېلىك شىياگېن قۇربان بولغاندىن كېيىن، سابىق 2 - توپچىلار قىسمى پارتىيە كومىتېتى، جېجياڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يولداش مېلىك شىياگېندىن ئۆگىنىش چاقىرىقى چىقاردى، جېجياڭ ئۆلكىسى، شەندۇڭ ئۆلكىسى ئايرىم - ئايرىم مېلىك شىياگېنغا «جېجياڭ ياشلار 4 - ماي مېدالى» «شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەخلاق نەمۇنىچىسى» دەپ تولۇقلاپ نام بەردى. ئۇ يەنە «جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن 2007 - يىللىق ئون چوڭ شەخس» «جېجياڭنىڭ پەخرى — 2007 - يىللىق ئون چوڭ ئەڭ تەسىر كۈچكە ئىگە شەخس» بولۇپ باھالاندى. 2009 - يىلى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئۇنىڭغا «ھاياتىدىن كېچىپ ئادەم قۇتقۇزغان نەمۇنىلىك ئوفىتسېر» دەپ تولۇقلاپ شەرەپلىك نام بەردى.

بۈگۈنكى كۈندە، مېلىك شىياگېن تۇرۇشلۇق قىسىم ئىزچىل ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق مېلىك شىياگېن روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، «مېلىك شىياگېن خەلقنى سۆيۈش مۇلازىمەت ئەترىتى» قۇرۇپ، تۇرۇشلۇق جايدىكى پاراۋانلىق ئورنى، ياشانغانلار ساناتورىيەسى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تەۋەلىرى ھەم قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە بېرىپ، «نامراتلاردىن ھال سوراش، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش - يۆلەش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئىللىقلىق بېغىشلىدى، مېھىر - شەپقەت يەتكۈزدى؛ «مېلىك شىياگېن ئوقۇشقا ياردەم بېرىش فوندى» تەسىس قىلىپ، يەرلىكنىڭ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلىشىگە قاتناشتى؛ تۇرۇشلۇق جايدىكى مەكتەپتە «مېلىك شىياگېن» ئوتتۇرا ئەترىتى قۇرۇپ، مېلىك شىياگېننىڭ ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، قەھرىماننىڭ روھىنى ئەۋج ئالدۇردى؛ مېلىك شىياگېن ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى قۇرۇپ، نەچچە يۈز مەيدان دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيەسى تەشكىللىدى. بولۇپمۇ تۇرۇشلۇق جاي ئاپەتكە ئۇچرىغاندا، قىسىم «مېلىك شىياگېن زەربىدارلار ئەترىتى» قۇرۇپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، ئۇدا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، تۇرۇشلۇق جايدىكى پۇقرالار بىلەن بىرلىكتە جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزدى.

تاك چىڭۋېن:

چازىدىن بۆسۈپ ئۆتكەن جىنايەت گۇماندارىنى ئۆزى يالغۇز قوغلاپ تۇتۇش يولىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ تېلېگراممىسى (مۇخبىر لۇ چاڭ) تاك چىڭۋېن ھايات ۋاقتىدا بېيجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مېنتوۋگوۋ شۆبە ئىدارىسى قاتناش تارماق ئەترىتى ھادىسە بۆلۈمىنىڭ خەلق ساقچىسى بولۇپ، ساقچى بولغان مەزگىلدە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم شەخسلەر بويىچە تەقدىرلەنگەن، ئۇدا ئۈچ يىل مۇنەۋۋەر مەمۇر بولۇپ باھالانغان ھەم «سارسقا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالانغان. بىر قېتىم چازىدىن بۆسۈپ ئۆتكەن ئاپتوموبىلنى توسۇش، قوغلاپ تۇتۇشتا، ئۇ جىنايەت گۇماندارى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلۈپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

2006 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سائەت 0 ئەتراپىدا، مېنتوۋگوۋ جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى دېلو مەلۇماتى تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، ئىككى ئەر جەيتاڭجېن بازىرى كالا پونكىتىدا 200 مېتىردىن ئارتۇق كابېل سىمىنى ئوغرىلاپ، بىر مىنبۇسنى ھەيدەپ قېچىپ كەتكەن. شۆبە ئىدارە دەرھال دۇجياجۇاڭ ئامانلىق تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە چىنيۈكوۋ قاتناش تەكشۈرۈش پونكىتىدا چازا قۇرۇپ توسقان.

تەخمىنەن 20 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، چىنيۈكوۋ قاتناش تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى نۆۋەتچى خەلق ساقچىسى تاك چىڭۋېن بىر سېرىق رەڭلىك كىچىك تىپتىكى مىنبۇسنىڭ گۇمانلىقلىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ، ئاپتوموبىلنى توختىتىشقا ئىشارەت قىلىپ تەكشۈرمەكچى بولغان. گۇمانلىق ئاپتوموبىل زورلۇق بىلەن چازىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ قېچىپ كەتكەن. تاك چىڭۋېن تېز سۈرئەتتە ساقچى ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ قوغلىغان ھەم يېقىن ئەتراپتىكى يەنچى ساقچىخانىسىغا ياردەمچى كۈچ ئەۋەتىشنى ئۇقتۇرغان.

تاك چىڭۋېن گۇمانلىق ئاپتوموبىلنى توسۇۋالغاندىن كېيىن، ئاپتوموبىلنى ھەيدىگەن جىنايەت گۇماندارى جاڭ شىنلېيدىن ھەيدەش كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان. جاڭ شىنلېي ھەيدەش كىنىشكام يوق دەپ، 100 نەچچە يۈەن پۇل چىقىرىپ، قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن، تاك چىڭۋېن كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلغان. جاڭ شىنلېي ئاپتوموبىلغا قايتىپ چىقىپ، بېسىملىق ئامبۇرنى ئالغان ھەم بېسىملىق ئامبۇر بىلەن ساقچى ئاپتوموبىلىنىڭ ئەينىكىنى چېقىپ تەھدىت سالغان.

تاك چىڭۋېن ئاپتوموبىل ئىشىكىنى ئېچىپ جاڭ شىنلېيغا ئېتىلغان. ئېلىشىش جەريانىدا، جاڭ شىنلېينىڭ شېرىكى، يەنە بىر جىنايەت گۇماندارى جاڭ شىنلياڭ قوشۇلۇپ، تاك چىڭۋېننى يىقىتىپ يەرگە بېسىۋالغان، جاڭ شىنلېي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىملىق ئامبۇر بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇپ، تاك چىڭۋېننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەم رەھىمسىزلەرچە ياردىن تاشلىۋەتكەن... قەھرىماننىڭ ھاياتى 39 يېشىدا ئاخىرلاشقان.

تاك چىڭۋېن 1988 - يىلى 8 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ھايات ۋاقتىدا بېيجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مېنتوۋگوۋ شۆبە ئىدارىسى قاتناش تارماق ئەترىتى ھادىسە بۆلۈمدە ۋەزىپە ئۆتىگەن، 2005 - يىلى 11 - ئايدا چىنيۈكوۋ تەكشۈرۈش پونكىتىدا خىزمەت قىلىشقا ئاجرىتىلغان.

2003 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كەچتە، «سارس» يۇقۇمى مەزگىلىدە، 109 دۆلەت يولى ئەنجياجۇاڭ كەنتى ئېغىزىدا ئاپتوموبىل سوقۇلۇپ ئېغىر، زور قاتناش ھادىسىسى يۈز بەرگەن، يول ئېغىر دەرىجىدە توسۇلۇپ قالغان، «سارس» گۇمانىي ئاغرىقنى يۆتكەۋاتقان بىر قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلىمۇ توسۇلۇپ قالغان. ھادىسە سادىر قىلغان شوپۇر ئاپتوموبىلدا «سارس» ئاغرىقىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، قورققىنىدىن نەق مەيداندىن قېچىپ كەتكەن. دەل نەق مەيداننى بىر تەرەپ قىلىۋاتقان تاك چىڭۋېن خىزمەتدىشىنى يۇقۇملىنىپ قېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، ئۆزى يالغۇز نەق مەيدانغا بېرىپ، ئاپتوموبىل ئۇقۇشۇپ ھادىسىدە يارىلانغانلارنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، يەنە قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى چاقىرىپ «سارس» گۇمانىي ئاغرىقنى دوختۇرخانىغا يۆتكەپ ئېلىپ بارغان. تاكى ھادىسە يۈز بەرگەن نەق مەيدان تازىلىنىپ، يولنىڭ راۋانلىقى ئەسلىگە كەلگۈچە، ئۇدا ئون نەچچە سائەتتىن ئارتۇق خىزمەت قىلغان تاك چىڭۋېن ھارغىن تېنىنى سۆرەپ تەكشۈرۈش پونكىتىغا قايتىپ كەلگەن.

2005 - يىلى، مېنتوۋگوۋ رايونىدا يۈك ئاپتوموبىلى موتوسىكلىت بىلەن سوقۇلۇپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، موتوسىكلىت ھەيدىگۈچى قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن ھادىسە سادىر قىلغان شوپۇر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتكەن. تاك چىڭۋېن ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ سوت مەھكىمىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىگە ياردەملىشىپ، ئەدلىيەلىك ياردەم بېرىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلغان. بۇ مەزگىلدە، ئۆلگۈچىنىڭ خوتۇنىنىڭ سىچۈەندىكى يۇرتىغا قايتىدىغانغا پۇلى يوقلۇقىنى بىلگەن تاك چىڭۋېن دەرھال 900 يۈەن يول كىراسى بەرگەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆلگۈچىنىڭ خوتۇنى سۇرگۆش ئېلىپ كېلىپ رەھمىتىنى بىلدۈرگەندە، تاك چىڭۋېن چىرايلىق رەت قىلىپ، «ھەممىمىزگە ئاسان ئەمەس!» دېگەن...

2006 - يىلى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تاك چىڭۋېننى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىغان، 2006 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تاك چىڭۋېنغا 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن.